جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە توققۇز تۈرلۈك جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە كەچۈرۈم يولغا قويۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

سەككىزىنچى، جورىسى ئۆلۈپ كەتكەن ھەم قۇرامىغا يەتمىگەن پەرزەنتلىرى بار ياكى تېنى ئېغىر مېيىپ، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان پەرزەنتلىرى بار، ھەققەتەن ئۆزى بېقىشى زۆرۈر بولغان ئاياللاردىن، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ياكى قالدۇق جازا مۇددىتى بىر يىلدىن تۆۋەن بولغانلار؛ توققۇزىنچى، شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە كېسىم قىلىنىپ بەشتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق شەرتلىك قويۇپ بېرىش سىناق مۇددىتى ئىجرا قىلىنغانلار ياكى رېجىمغا ھۆكۈم قىلىنغانلار.

دۆلەت رەئىسىنىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم پەرمانىدا شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرىقى توققۇز تۈرلۈك ئوبيېكتنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا، ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنمايدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: بىرىنچى، 2 -، 3 -، 4 -، 7 -، 8 -، 9 - تۈردىكى ئوبيېكتلار ئىچىدىكى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر، ھەربىيلەرنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر، قەستەن قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، تۇتقۇن قىلىش، ئوت قويۇش، پارتلىتىش، خەتەرلىك بۇيۇملارنى تاشلاش ياكى تەشكىللىك زوراۋانلىق خاراكتېرلىك جىنايەت، قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىللىك جىنايەت، زەھەر ئېلىپ سېتىش جىنايىتى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى، تېررورلۇق ھەرىكىتى جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر، باشقا تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزگەن باش جىنايەتچىلەر، تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر؛ ئىككىنچى، 2 -، 3 -، 4 -، 9 - تۈردىكى ئوبيېكتلار ئىچىدىكى قالدۇق جازا مۇددىتى ئون يىلدىن يۇقىرى بولغانلار ۋە يەنىلا مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلار؛ ئۈچىنچى، ئىلگىرى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغان، يەنە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلار؛ تۆتىنچى، جىنايىتىنى تونۇمىغانلار، پۇشايمان قىلمىغانلار؛ بەشىنچى، باھالاش ئارقىلىق رېئال ئىجتىمائىي خەۋپ خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قارالغانلار.

دۆلەت رەئىسىنىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم پەرمانىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەر، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە كېسىم چىقارغاندىن كېيىن، قويۇپ بېرىلىدۇ.

شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا داۋاملىق قاتناشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

كەسىپ زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭىپ، ھەمتۈركىلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى بىلەن ئۇدۇللىشىشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتا تەرەققىيات نەزەر دائىرىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇلدى. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا كۈچ چىقىرىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە بەخت يارىتىدىغان خەلقئارا ئاممىۋى مەھسۇلات ۋە ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان خەلقئارا ھەمكارلىق سۇپىسىغا ئايلاندى. بىز بارلىق قىزىقىدىغان ھەمكارلىق ھەمراھلىرىنىڭ ئورتاق قاتنىشىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان «تورت»نى قول تۇتۇشۇپ زورايتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئورتاق تونۇشى ئاساسىدا، سىياسەت جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇدۇللىشىشنى ھەمدە ئەمەلىي ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەڭپۇڭ، سىغدۇرۇشچان ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارشى ئالىمىز.

شۇ يەر ۋاقتى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باشلىقلار يىغىنى يېپىلدى.

لىيۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

شى جىنپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن ئۇچراشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىرى. جۇڭگو - ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيانقى 40 يىلنى ئەسلىسەك، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئەمما بىر ئاساسىي پاكىت باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمىدى، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو - ئامېرىكا ھەمكارلاشسا ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق، ئېلىشسا ئىككىلا تەرەپكە زىيانلىق بولىدى، ھەمكارلىق سۈركىلىشتىن ياخشى، سۆزلىشىش تىركىشىشتىن ياخشى. نۆۋەتتە، جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا گەرچە بەزى ئىختىلاپلار ساقلانغان بولسىمۇ، بىراق ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتى يۈكسەك دەرىجىدە يۇغۇرۇلغان، ھەمكارلىق ساھەسى كەڭ بولۇپ، ئاتالمىش توقۇنۇشۇش، تىركىشىش قىلتىقىغا چۈشۈپ قالماي، بەلكى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى كېرەك. زۇڭتۇڭ ئەپەندى جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىڭىزنى كۆپ قېتىم بىلدۈردىڭىز؛ سىز يەنە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى يۈزدەيۈز قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈردىڭىز. بۇ، بىز مۇستەھكەم ئىگىلەشكە تېگىشلىك توغرا يۆنىلىش. ئىككى تەرەپ مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن بېكىتكەن پرىنسىپ ۋە يۆنىلىش بويىچە، ھەرقايسى قاتلام - دەرىجىلىكلەر ئالاقىسىنى ساقلاپ، ھەر ساھەدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي رىتىم قىلغان جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

ترامپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. مېنىڭ 2017 - يىلى جۇڭگوغا قىلغان زىيارىتىم ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە، ئۇ مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك بولغان بىر قېتىملىق زىيارىتىم. مەن ئىنتايىن قالتىس جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى ۋە جۇڭگو قولغا كەلتۈرگەن ئىنتايىن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مېنىڭ جۇڭگوغا قارىتا دۈشمەنلىشىش غەرىزىم يوق، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى قەدىرلەيمەن، جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايمەن. ترامپ ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بېكىتكەن پرىنسىپ ۋە يۆنىلىش بويىچە، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي رىتىم قىلغان ئامېرىكا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ئامېرىكا - جۇڭگو باشلىقلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىنىڭ ئامېرىكا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىقتىساد - سودا مەسىلىسى توغرىسىدا شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نېگىزىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنىڭ ماھىيىتى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تەڭ پايدا ئېلىش. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى تەرەپتە غايەت زور مەنپەئەت ئورتاقلىقى مەۋجۇت، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىق ياخشى ھەمراھلىرىدىن بولۇشى كېرەك، بۇ جۇڭگوغا پايدىلىق، ئامېرىكىغا پايدىلىق، پۈتۈن دۇنياغىمۇ پايدىلىق. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئامېرىكا تەرەپ بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىپ، ئىختىلاپلارنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش سەممىيىتى بار، ئەمما، سۆھبەت باراۋەر بولۇشى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنى نامايان قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشى كېرەك. جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە، جۇڭگو جەزمەن ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. دۇنيادىكى ئالدىنقى ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو - ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ئاخىرقى ھېسابتا سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق، ئۆزئارا ھەممەيلەن قوبۇل قىلالايدىغان چارىنى تېپىپ ھەل قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو كارخانىلىرى ۋە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى، ئىككى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىساد - سودا سېلىنمىسى جەھەتتىكى نورمال ھەمكارلىقى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ نورمال ئالماشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ترامپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنىڭ سودا تەڭپۇڭلۇقىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئىككى دۆلەت كارخانىلىرىنى ئادىل مۇئامىلە بىلەن تەمىنلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ ئەمدى جۇڭگونىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىدىن يېڭىدىن تاموژنا بېجى قوشۇپ ئالمايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئامېرىكىدىن قىلىدىغان ئىمپورتنى كۆپەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئۆزئارا ھەممەيلەن قوبۇل قىلالايدىغان سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىشنى خالايدۇ، بۇ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى باراۋەر بولۇش ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشنى قايتا باشلاشقا، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئەمدى جۇڭگو مەھسۇلاتلىرىدىن يېڭىدىن تاموژنا بېجى قوشۇپ ئالماسلىققا قوشۇلدى. ئىككى دۆلەت ئىقتىساد - سودا ئۆمىكى كونكرېت مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ.

ترامپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگودا نۇرغۇن ئىنتايىن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بار. مەن ئىزچىل جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇشىنى قارشى ئېلىپ كەلدىم.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىكى پرىنسىپال مەيدانىنى شەرھلىدى. ترامپ مۇنداق بىلدۈردى: مەن جۇڭگو تەرەپنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىمەن، ئامېرىكا تەرەپ داۋاملىق بىر جۇڭگو سىياسىتىگە ئەمەل قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ چاۋشيەن يېرىم ئارىلى مەسىلىسىدىكى پرىنسىپال مەيدانىنى قايتا تەكىتلەپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا - چاۋشيەن رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىشىش، ئۇچرىشىشنى ساقلىشىنى قوللايدۇ، ئامېرىكا - چاۋشيەن ئىككى تەرەپنىڭ جانلىقلىقنى نامايان قىلىپ، بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، سۆزلىشىشنى ئىمكانقەدەر تېز قايتىدىن باشلاپ، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ. ترامپ مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ چاۋشيەن يېرىم ئارىلى مەسىلىسىدىكى مۇھىم رولىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى ساقلاشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ ھەمدە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو، مالىيە مىنىستىرى منۇچىن قاتارلىق كۆپلىگەن ھۆكۈمەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكگە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ «شى جىنپىڭنىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› خىزمىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندىلەر»نى ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكگە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ «شى جىنپىڭنىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› خىزمىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندىلەر»نى ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكگە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق قارىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى پارتىيەمىزنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى نەزەرىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، يېڭى دەۋردە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنىڭ جەۋھىرى، نەزەرىيەۋى خىسلىتى ۋە ھەققەت كۈچىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولىمىز.

لى پېڭشىن سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش» «شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە - مېخانىزمى ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش» «يېزا ئاساسىي ئىگىلىك تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» «دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تاماق قاچىسىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتقۇزۇش» «يېزا ئىگىلىكدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» «يېشىل تەرەققىيات ئارقىلىق يېزا - كەنتلەرنى گۈللىنىشكە يېتەكلەش» «تېرىقچىلىق مەدەنىيلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش» «يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش» «دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش» «يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش» «پارتىيەنىڭ ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش» قاتارلىق تەرەپلەر توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش؛ يېزا - كەنتلەرنىڭ كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش؛ يېزا مۇھىتىنى تۈزەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكنى تېزدىن تولۇقلاش؛ ئۆزى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئىدارە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش تۈزۈم تەمىناتىنى كۈچەيتىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ تۈرلۈك قاتتىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: دىققەتنى تۈپ ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي تەلەپنى ئىگىلەپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىش - تەربىيەنى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك؛ دىققەتنى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپى، ئىستىل قۇرۇلۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەم «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدىكى قاتتىق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈش كېرەك؛ ھەققىي سېلىشتۇرۇش، ھەققىي تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، ھەققىي قايتا ئويلىنىش تەلەپ بويىچە، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈش كېرەك؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ قىلدۋاتقان ئىشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، شەكىل - ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، ياخشى ئىستىل ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرى، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇشنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بولۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈزەل يەر شارى يۇرت - ماكانىنى قوغدىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى باسقۇچىغا كىردى، جۇڭگو - فرانسىيە ئىككى تەرەپ ئۈچىنچى تەرەپ بازار ھەمكارلىقى تۈرىنى تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يادرو ئېنېرگىيەسى، ئالەم قاتنىشى قاتارلىق چوڭ تۈرلەر ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ فرانسىيەنىڭ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدۇ. ئىككى تەرەپ 2021 - يىلىدىكى جۇڭگو - فرانسىيە مەدەنىيەت، ساياھەت يىلىغا كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. جۇڭگو - فرانسىيە خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە قويۇق ماسلىشىشنى ساقلاپ، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنىڭ سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ يىل 3 - ئايدا فرانسىيەگە قىلغان زىيارىتى ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ئىلگىرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. مەن جۇڭگودا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن يېزا ئىگىلىكى، رەقەملىك ئىقتىساد، ئېنېرگىيە، پۇقرالار پايدىلىنىدىغان يادرو ئېنېرگىيەسى قاتارلىقلاردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. فرانسىيە - جۇڭگو ئوخشاشلا كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللايدۇ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشتا زىچ ماسلىشىپ، كېلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك قارالمىلاردا پائال ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئىككى تەرەپ يەنە چاۋشيەن يېرىم ئارىلى، ئىران يادرو مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردە قاراشلىرىنى ئالماشتۇردى. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يارىشىشقا دەۋەت قىلىش، سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جارى قىلدۇرغان مۇھىم ۋە ئىجابىي رولىغا يۈكسەك باھا بېرىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.